# 106577 - تاۋاپ بىلەن سەئيىنىڭ ئارىسىنى ئايرىيدىغان بەلگىلەنگەن ۋاقىت بارمۇ؟

## سوئال

تاۋاپ بىلەن سەئيىنىڭ ئارىسىنى ئايرىيدىغان بەلگىلەنگەن ۋاقىت بارمۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت-سالاملىرى بولسۇن.

تاۋاپ بىلەن سەئيىنىڭ ئارىسىنى ئايرىيدىغان بەلگىلەنگەن ۋاقىت يوق، تاۋاپنى قىلىپ بولۇپلا سەئيىنى قىلىش شەرت ئەمەس، ھەقىقەتەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام تاۋاپ بىلەن سەئيىنى ئارقىمۇ-ئارقا قىلغان بولسىمۇ، لېكىن تاۋاپنى ئەتىگەندە قىلىپ سەئيىنى كەچتە قىلسىمۇ بولىدۇ، ياكى تاۋاپنى قىلىۋېتىپ سەئيىنى بىر-ئىككى كۈندىن كېيىن قىلسىمۇ بولىدۇ، بۇنىڭدا خاتالىق بولمايدۇ، چۈنكى ئارقىمۇ-ئارقىدىن ئۇلاپ قىلىش پەرز ياكى ۋاجىپ ئەمەس". ["ئىبنى ئۇسەيمىن پەتىۋالار مەجمۇئەسى"22-توم 421-بەت].